safeguard DEFENDERS

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇشىنى مەلۇم قىلىش قوللانمىسى

ئەسكەرتىش!

ئەگەر سىز بىۋاستە خەۋپ ئاستىدا بولسىڭىز، دەرھال يەرلىك قانۇن ئىجرائىيە ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

سىزنىڭ، سىزگە ياكى باشقىلارغا قارشى دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى مەلۇم قىلىشىڭىز،بىزنىڭ بۇ خىل قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز ئۈچۈن مۇھىم قەدەم.

سىزنىڭ مەلۇم قىلىشىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزنى قوغداش ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن نىشانىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ يوللانمىنى ئوخشىمىغان تىللاردا ئوقۇڭ

- تىبەتچە
- ئەنئەنىۋي خىتايچە
- ئاددىيلاشتۇرۇلغان خىتايچە
- ئىنگلىزچە

ھادىسىنى مۇستەبىت ئاكتىيورلارغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان مۇستەقىل ۋە دېموكراتىك بايانلارغا زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىش ياكى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلغان ھەرقانداق ئۇرۇنۇش دەپ تەسۋىرلەشكىمۇ بولىدۇ.

دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش – دۆلەتلەر ئۆز چېگرالىرىدىن ھالقىغان ھالدا ژۇرنالىستلار، پائالىيەتچىلەر، ئۆكتىچىلەر ۋە دىئاسپورا جەمئىيىتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى، قورقۇتۇشنى ۋە ئۇلارنى بېسىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان، كۈنسېرى ئومۇملىشىۋاتقان بىر ھادىسىدۇر. كەڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا. بۇ

دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش تۆۋەندىكى ھاللاردا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن

- ئۆز دۆلىتىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلىش ياكى ئۇلارغا تەھدىت سېلىش
- مال - مۈلكىنى توڭلىتىش
- شەخس ياكى گۇرۇپپىلارنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن توردا يالغان ئۇچۇر تارقىتىش
- ئىز قوغلاش ۋە خالانمىغان جىسمانىي ياكى ئېلېكترونلۇق نازارەت
- ئاۋارە قىلىش
- ئۇچۇر ئوغرىلاش
- جىسمانىي زەربە
- تۇتقۇن قىلىش ئۇرۇنىشى
- زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئۆز دۆلىتىگە قايتىش ئۈچۈن قىستاش ياكى مەجبۇرلاش

دېموكراتىك دۆلەتلەر ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، **باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى تەرىپىدىن نىشانغا ئېلىنغانلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشلارنى مەخسۇس قاناللارغا مەلۇم قىلىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.**

گەرچە بارلىق ئەھۋاللار جىنائىي قىلمىش دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، پەقەت ئىزچىل پاش قىلىش ئارقىلىقلا قانۇن ئىجرائىيىسىنىڭ ۋە باشقا ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىگە، قوللىنىلغان تاكتىكىلارنى ئېنىقلاپ چىقىشىغا ۋە نىشانغا ئېلىنغان ئاۋامنىڭ ئېھتىياجلىرىنى كۆزىتىشكە ياردەم قىلغىلى بولىدۇ،شۇنداقلا بۇ خىل قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش كۈچىمىزنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى نىشانغا ئېلىنغۇچىنىڭ سۆز ئەركىنلىكى، ھەرىكەت ئەركىنلىكى ياكى يىغىلىش ۋە ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان شەخسلەر ئۈچۈن مەخسۇس مەلۇم قىلىش قاناللىرى قۇرۇش ئارقىلىق، بۇ ھادىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتقان دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتىدۇ.

PILOT

نيمە قىلىش كېرەك؟

جسمانىي بىخەتەرلىكىڭىزنى قوغداڭ

سىز ياكى ئەتراپىڭىزدىكى بىرى ئېغىر ۋە جىددىي جىسمانىي خەۋپ ئاستىدا بولسا،
دەرھال قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىڭ

ئاۋستىرالىيە 000
ئەنگلىيە 999

ياۋروپا 112
شىمالى ئامېرىكا 911

ھۆججەتلەندۈرۈڭ

جىسمانىي بىخەتەرلىكىڭىزنى كاپالەتلەندۈرگەندىن كېيىن، سىزگە ياكى ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرنى مۇمكىنقەدەر ھۆججەتلەندۈرۈڭ. ھۆججەتلەندۈرۈش تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن

ئورگانلىرى / دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرى / ئەلچىخانا / كونسۇلخانا / شەخس ...)

ئەگەر سىز كۆزىتىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلغان بولسىڭىز: شەخس(لەر) گە يېقىنلاشماڭ ۋە ئېتىبار قىلماڭ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق فىزىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە دىققەت قىلىڭ (مەسىلەن: جىنسى، يېشى، ئىرقى، بەدەن قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار). ئەگەر ئۇلار كەلگۈسىدە قايتا ئۇچرىسا تونۇۋېلىش ئىمانىيىتىڭىز بولىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا بىخەتەر ئارىلىقتىن رەسىمگە تارتىۋېلىڭ

كەلگەن تېلفۇنلارنى ئۇنىگە ئېلىۋېلىڭ ياكى خاتىرىلىۋېلىڭ

كەلگەن قىسقا ئۇچۇر/ ئېلخەت ياكى توردىكى سارارسىملەرنى (ئېكراننى رەسىمگە تارتىش ئارقىلىق ساقلىۋېلىڭ

سىز بىلەن كىمنىڭ ئالاقىلىشىۋاتقانلىقى ۋە كىمگە ۋاكالىتەن ئالاقىلاشقانلىقى توغرىسىدا ئىمكانقەدەر تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشىشكە تىرىشىڭ (مەسىلەن: جامائەت خەۋپسىزلىكى

مەلۇم قىلىڭ

ئەگەر تۆۋەندىكى دۆلەتلەرنىڭ پۇقراسى ياكى بۇ دۆلەتلەردە تۇرىۋاتقان بىرى بولۇپ، دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇشنىڭ نىشانى بولۇپ قالغان ياكى نىشانى ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلغان بولسىڭىز، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى مۇداپىئە قىلىش تەشكىلاتىغا (Safeguad Defenders) مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن تۆۋەندىكى مەلۇم قىلىش قانالللىرىغا دىققەت قىلىڭ

تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەر مەخسۇس مەلۇم قىلىش قانىلى قۇرۇپ چىققىنىدا بۇ تىزىملىك يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ

PILOT

بېلگىيە

- بېلگىيەدە ھازىرچە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قىززىق لىنىيە يوق.

بېلگىيە جەمىيىتىگە خەۋپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن دەپ قارىغان ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن info@vsse.be. ياكى +32 (0)2 205 62 11

ئارقىلىق دۆلەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى بىلەن نامسىز ئالاقە قىلسىڭىز بولىدۇ.

- ئەگەر بېلگىيەدە تۇرۇۋاتقان بولسىڭىز، مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يەرلىك ساقچى خادىملىرى بىلەن ئالاقىلاششىڭىز بولىدۇ. (شەھەرلەردە ئاكتىپ خىزمەت ئۆتەۋاتقان) يەرلىك ساقچىلار ئېچكى جەھەتتىن مەخسۇس قانالالار ئارقىلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك (فېدىرال) ئورگانلار بىلەن ئالاقىلىشىدۇ.

https://www.police.be/en

كانادا

- كانادا خان جەمەتى ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئۇچۇر تورىغا ئارقىلىق تېلفۇن قىلىڭ.

1-800-420-5805

- كانادا خەن جەمەتى ساقچى ئىدارىسگە

RCMP.NSIN-RISN.GRC@rcmp-grc.gc.ca

ئارقىلىق ئېلخەت يوللاڭ (ئېلخەت تېمىسىغا « PRC TRANSNATIONAL REPRESSION» دەپ يېزىڭ.)

كانادا جامائەت بىخەتەرلىكىنىڭ «تاشقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىششىنى قانداق مەلۇم قىلىمىز» قوللانمىسىنى ئوقۇڭ.

How to Report Foreign Interference

فرانسىيە

فرانسىيەدە ھازىرچە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قىزىق لىنىيە يوق.

ئۆزىڭىز، بىخەتەرلىكى ياكى ئىززەت ھۆرمىتى ۋە ياكى شەخسىيتى دەخلى تەرۇزغا ئۇچرىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، فرانسىيە پۇقراسى بولغان ياكى بولمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، فرانسىيە ساقچى دائىرىلىرىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلسا بولىدۇ.

PILOT

ئاۋستىرالىيە

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىششى ۋە باشقا تۈرلۈك دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇشلەرنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس دۆلەت خەۋپسىزلىك قىزىق لىنىيسى بار.

تېلفۇن:

- 1800 123 400

ئېلخەت ئادرېسى :

hotline@nationalsecurity.gov.au

قىسقا ئۇچۇر:

0429 771 822

پوچتا ئادرېسى:

National Security Hotline
Department of Home Affairs
PO Box 25

Belconnen ACT 2616

ئەگەر چەتئەل ساياھەتدە بولسىڭىز ۋە ئاۋستىرالىيە

- خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن تەھدىت بايقىغان بولسىڭىز، بۇ قىزىق لىنىيەگە ئارقىلىق ھەقسىز تېلفۇن قىلسىڭىز بولىدۇ.

(+61) 1300 123 401

- ئەگەر تەرجىمانغا ئېھتىياجىڭىز بولسا، تەرجىمە ۋە شەرھىيلەش مۇلازىمتى ئۈچۈن **131 450** نومۇرغا تېلفۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت خەۋپسزلىك لىنىيسگە **1800123400** ئارقىلىق ئۇلىنىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ.

- قوللانغۇچىلىرى **1800234889** غا تېلفۇن TTY قىلىڭ.

ئاۋستىرالىيە فېدېراتسىيە سىياسىتىنىڭ خىتايچە (ئاددىيلاشتۇرۇلغان)، خىتايچە (ئەنئەنىۋى) ۋە ئۇيغۇرچە قاتارلىق كۆپ خىل تىلدا ئېرىشكىلى بولىدىغان پاكىت جەدۋىلىنى كۆرۈڭ.

ئىسپانىيە

ئىسپانىيەدە ھازىرچە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قىزغۇچ لىنىيە يوق.

مەلۇم قىلىش: (Policía Nacional) ساقچى ئىدارىسىگە

- توردا مەلۇم قىلىش بېتى ئىسپانچە، ئىنگلىزچە، .نېمىسچە ياكى فىرانسۇزچە قاتارلىق تىللاردا مەۋجۇت https://denuncias.policia.es/OVD/
- تېلفۇندىن يۇمشاق دېتال ئارقىلىق خەۋپنى ساقچىغا يەتكۈزۈش ياكى دەرھال ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىسپانچە ياكى ئىنگلىزچە تىللاردا مەشغۇلات قىلىش ئىمكانىيتى بولغان تۆۋەندىكى يۇمشاق دېتالنى چۈشۈرۈڭ: https://alertcops.ses.mir.es/publico/alertcops/

ئىرېلاندىيە

ئىرېلاندىيەدە ھازىرچە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قىزغۇچ لىنىيە يوق.

ئىرېلاندىيە ئادالەت دائىرسى بۇ خىل ئەھۋاللارنى ساقچىغا مەلۇمقىلىشقىزنى تەۋسىيەقىلىدۇ. (AnGarda Síochána)

شۋېتسىيە

شۋېتسىيەدە ھازىرچە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قىزغۇچ لىنىيە يوق.

تۆۋەندىكى (SAPO) شۋېت خەۋپسىزلىك مۇلازىمىتىگە ئۇسۇللار ئارقىلىق مەلۇم قىلىڭ:

- يەتتە كۈن 24 سائەت ئوچۇق قىزغۇچ لىنىيە **+46 010-568 70 00** (شۋېتچە ياكى ئىنگلىزچە)
- تور ئارقىلىق شىفىرلانغان ئۇچۇر يوللاڭ (شۋېتچە ياكى ئىنگلىزچە) https://tips.sakerhetspolisen.se/tips/
- ئېلخەت يوللاڭ: sakerhetspolisen@sakerhetspolisen.se

شۋېت ساقچىلىرىغا مەلۇم قىلىڭ:

- ناسىز مەلۇم قىلىش لىنىيىسى **114 14**
- ئىز قوغلاش، قانۇنسىز نازارەت قىلىش، تەھدىت سېلىش، تور پاراكەندىچىلىكى قاتارلىق جىنائىي قىلمىشلار ھەققىدە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىكلەر ھەققىدىكى ماتېرىيالنى ئوقۇڭ: https://polisen.se/utsatt-for-brott/olika-typer-av-brott/

پورتۇگالىيە

پورتۇگالىيەدە ھازىرچە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قىزغۇچ لىنىيە يوق.

(Polícia Judiciária) دۆلەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئادرېسىدىن مەلۇم قىلسىڭىز بولىدۇ : https://www.policiajudiciaria.pt/english

- بىرىنچى قەدەمدە: **“comunicações”** نى تاللاڭ.
- ئىككىنچى قەدەمدە: **“queixa eletronica”** (ئېلېكترونلۇق شىكايەت) ياكى **“denuncia anonima”** (ناسىز مەلۇم قىلىش) تىن بىرىسىنى تاللاڭ.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارىبۇۋاستە، لىزبون شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان، يەتتە كۈن 24 سائەت مۇلازىمەت قىلىدىغان ساقچى ئىدارىسى مەركىزىگە بارسىمۇ بولىدۇ.

PILOT

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى

دۆلەت ھالقىغان (FBI) فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى باستۇرۇشقا مەركەزلەشكەن مەلۇم قىلىش ئۇسۇللىرى:

- FBI
بىلەن
tips.fbi.gov
ئادرېسىدىن تور ئارقىلىق ئالاقىلىشىڭ (تېمىسىغا « PRC TRANSNATIONAL REPRESSION»
دەپ يېزىڭ).
- **1-800-225-5324**

نومۇرغا تېلفون قىلىڭ.

فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەھدىت ۋە قورقۇتۇشلار ئۈچۈن ئالاھىدە تۈزۈلگەن، خىتايچە (ئاددىيلاشتۇرۇلغان)، خىتايچە (ئەنئەنىۋى)، تىبەتچە، ۋە ئۇيغۇرچە قاتارلىق تىللاردا مەۋجۇت بولغان قوللانمىسىنى ئوقۇڭ.

ئەنگلىيە

ئەنگلىيەدە ھازىرچە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس قىززىق لىنىيە يوق.

بۇ خىلدىكى ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئۇسۇلدا ساقچىغا مەلۇم قىلىش مۇمكىن:

- ساقچىلارغا جىددى بولمىغان ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن **101**غا تېلفون قىلىڭ.
- ئادرېسى ئارقىلىق توردا مەلۇم قىلىڭ.
www.police.uk
- ساقچى پونكىتىغا بېرىڭ.

ئەگ يېقىن ساقچى پونكىتى تېپىش ئۈچۈن «ساقچى پونكىتى تېپىش» مۇلازىمىتىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ:

لوندوندىكىلەر ئۈچۈن

https://www.met.police.uk/contact/find-a-police-station/

باشقا شەھەردىكىلەر ئۈچۈن

https://www.police.uk/pu/find-a-police-force/

ئالاقىلىش

ئەگەر سىزگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قىلمىشلارنىڭ دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەلمىگەن بولسىڭىز ياكى بۇ خىل قىلمىشلارنى قايسى ئورگانغا مەلۇم قىلىش ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىز خالىغان تىلدا، ئېلخەت ئادرېسىمىز ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ.

info@safeguarddefenders.com

ئېلخەت تېمىسىغا)

« PRC TRANSNATIONAL REPRESSION»

دەپ يېزىڭ).

ئاگاھلاندۇرۇش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، ئۇچىنچى دۆلەتلەرگە قىزىقتۇرۇش ياكى توزاقتا چۈشۈرۈشنى، شەخسلەرنى مەجبۇرىي قايتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلماقتا.

Safeguards Defenders

خەۋپ ئاستىدىكى شەخسلەرنىڭ بىخەتەر يول جەزىملەشتۈرمەي تۇرۇپ ئۇچىنچى دۆلەتكە ياكى ئۇچىنچى دۆلەت ئارقىلىق باشقا دۆلەتكە قاراپ يولغا چىقماسلىقنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلىدۇ. دۆلەتلىك ساياھەت مەسلىھەتلىرى ياكى

Safeguard Defenders

تەرىپىدىن خەۋپ ئاستىدىكى شەخسلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن، ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ساياھەت مەسلىھەتلىرىنى ئوقۇڭ.

safeguard
DEFENDERS

safeguarddefenders.com